# ئاتۇشنىڭ ئۈزۈمى، ئۆزگەردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئىلگىرىكى يىللاردا، بىر مو يەردىكى بۇغدايدىن ئاران 200 نەچچە يۈەنلا ساپ كىرىم قىلغىلى بولاتتى، ئۈزۈم تىكسەك مو بېشىدىن قىلىدىغان ساپ كىرىم ئاساسىي جەھەتتىن 1000 يۈەندىن ئاشاتتى» دېدى مەمەت ئەسلەپ. پايدىنىڭ تۈرتكىسىدە، بارغانسېرى كۆپ كەنت ئاھالىلىرى ئۈزۈم تىكىشكە باشلىدى. بۇ يىل، ئوتكۈبىرىق كەنتىدە ئۈزۈم تىكىلگەن كۆلەم 5300 موغا يېتىپ، كەنتنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «تۈۋرۈك كەسىپ»كە ئايلاندى.

ئەگەر مەمەت ئائىلىسىنىڭ بىرقانچە ئون يىللىق ئۈزۈم تىكىش ئادىتى ۋە ئاساسى بار دېسەك، ئۇنداقتا ئازاق يېزىسىنىڭ بويامەت كەنتىدىكى نامرات ئائىلە تۇرسۇنجان ئابدۇراخمانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۈزۈم تىكىشنى ئىقتىسادىي بېسىم ئاستىدىكى مەجبۇرىي تاللاش دېيىشكە بولىدۇ.

2016 ـ يىلى، تۇرسۇنجان كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كەتكەنىدى. «شۇ چاغدا، ئەمدى ئەسلىدىكى يەرگە ۋە ئەسلىدىكى تۇرمۇشقا تايانسام بولمايدىكەن، دەپ ئويلىغاندىم» دېدى تۇرسۇنجان. «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ ياردىمىدە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر سورتنى ئۆزگەرتىپ مۇناقى ئۈزۈم تىكتى ھەم بۇ يىل مول ھوسۇل ئالدى. «ئائىلىمىزدە يەنە ئۈچ مو يەرگە بۇغداي تېرىيمىز، مەن ئۇ يەرنىڭ ھەممىسىگە ئۈزۈم تىكىشنى ئويلىشىۋاتىمەن.» تۇرسۇنجان مۇنداق دېدى: ئىقتىسادىي بېسىمىم يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۈمىد نۇرىنى كۆردۈم.

ئەمەلىيەتتە، مەيلى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزگەرتىش بولسۇن ياكى پاسسىپ ھالدا تاللاش بولسۇن، گۇمانلانغىلى بولمايدىغىنى شۇكى، مۇناقى ئۈزۈم تىكىش ئاتۇشتىكى سانسىزلىغان ئامما، بولۇپمۇ نامرات ئاممىغا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىنى ئېلىپ كەلدى، بېيىشنىڭ پىلانىنى سۈرەتلەپ بەردى.

ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 ـ يىلى، ئاتۇش شەھىرىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۈزۈم تىكىش ئارقىلىق ئاشقان مو بېشى كىرىمى 927 يۈەن بولغان. 2019 ـ يىلى، پۈتۈن شەھەرنىڭ خاس باغۋەنچىلىك ئومۇمىي كۆلىمى 140 مىڭ موغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم تىكىلگەن كۆلەم 40 مىڭ 80 مو، مېۋىگە كىرگەن كۆلەم 39 مىڭ مو بولۇپ، مۆلچەرلىنىشىچە، ھوسۇلى 59 مىڭ توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 236 مىليون يۈەنگە يېتىدىكەن.

ئۈزۈم تىككەن ئائىلىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، خۇش خەۋەرلەر بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئاتۇش شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماق مەسئۇلىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ھۆكۈمەت بوغۇز دەرياسى بويىدىكى 40 مىڭ 80 مو يەردە مۇناقى ئۈزۈم ئۆستۈرۈش يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى ۋە بوغۇز دەرياسى ھەۋزىسى ئەتراپىدىكى 11 كەنتتە ئەلا سورتلۇق ئۈزۈملۈك باغ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئورگانىك ئۈزۈم ئېتراپنامىسىگە ئېرىشكەن ئۈزۈملۈك كۆلىمىنى 20 مىڭ موغا يەتكۈزۈشكە تىرىشىدىكەن. تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، كەلگۈسىدە مۇناقى ئۈزۈم كەسپى يېڭى مېۋە ـ چېۋە بازىرىدىكى تېخىمۇ كۈچلۈك رىقابەتچىگە ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەڭ مەيدانىدىكى تېخىمۇ قۇدرەتلىك جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلىنىدۇ.

## ■ ئۈزۈم تاللىرى بارغانسېرى ياخشى ئۆستى

كۆپ تىكىش پەقەت ئاتۇش شەھىرىنىڭ مۇناقى ئۈزۈم تىكىش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت، نىسبەتەن يۇقىرى سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇناقى ئۈزۈمنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش بازارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. بىراق، نۇرغۇن ئامما ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كۆپ تىكىش بىلەن ياخشى ئۆستۈرۈشنىڭ پەرقىنى تونۇپ يېتىشىگە خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ۋاقىت كەتتى.

ئالدىنقى يىللاردىكى تىكىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغاندا، بويامەت كەنتىدىكى نامرات ئاھالە دادىخان مەمتىلى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى نەدىمۇ ئىلمىي ئۇسۇلدا تىكىش ئۇقۇمى بولسۇن، دورا چېچىشنى، ئوغۇتلاشنى بىلمەيتتۇق، ئۈزۈمنىڭ ھوسۇلى يۇقىرى ئەمەس، سۈپىتىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى».

تېخنىكا ماھارىتى كەمچىل بولۇش ۋە تونۇش يېتەرلىك بولماسلىق ئۈزۈم تىككەن ئائىلىلەرگە ئاچچىق ساۋاق ئېلىپ كەلدى.

«بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، مۇناقى ئۈزۈمدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاق توزان كېسىلى، قەرۈۋسمان پاختىلىنىش كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەر كۆرۈلۈپ، ئۈزۈم تۆكۈلۈپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.» ئاتۇش شەھەرلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسىنىڭ ئوتكۈبىرىق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى ۋايىت راخمان مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھاۋا رايى سەۋەبىدىن مۇناقى ئۈزۈمدە يەنە قەنت مىقدارى تۆۋەنلەپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، بازاردىكى سېتىلىش باھاسىغا تەسىر كۆرسەتتى، «ئەڭ ناچار بولغاندا بىر كىلوگرام مۇناقى ئۈزۈم ئاران نەچچە موغا سېتىلدى».

خەلقنىڭ ئۈمىدى ھۆكۈمەتنىڭ نىشانى. ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىشلىق تەرەققىياتتىكى كەمتۈكلۈك ھۆكۈمەتنىڭ تولۇقلىشىغا تاپشۇرۇلدى.

2018 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاتۇش شەھىرى خاس باغۋەنچىلىكتە سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. ئىككى يىلدىن بۇيان، ھۆكۈمەت نۇرغۇن مەبلەغ سالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامرات ئائىلىلەرنى دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيەۋى ئوغۇت، ئۈزۈمنى يامغۇردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى، ئەسلىھەلىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. ئەلا سورتنى كېڭەيتىش، ئېتىز پەرۋىشى، سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، كېسەللىك ـ ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، مۇناقى ئۈزۈمنىڭ ھوسۇلى مۇقىم ئاشۇرۇلدى ۋە سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى.

«ئاشۇ مەزگىلدە خىزمەت ئەترىتىمىزدىكىلەر ھەر كۈنى ئۈزۈملۈكلەرگە قاتراپ، ئۆزىمىز ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە ئاممىغا ئومۇملاشتۇردۇق.» ۋايىت مۇنداق دېدى: خىزمەت ئەترىتىمىز «ئۈزۈملۈك باغنىڭ پۈتۈن يىللىق خىزمەت كالېندارى»نى تۈزۈپ ئاممىغا تارقىتىپ بەردۇق، شۇنداقلا تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشىك ئالدىدىلا بىرمۇبىر يېتەكچىلىك قىلدۇردۇق. «مۇتەخەسسىسلەر يېتەكلىگەن ئۇسۇل بويىچە تىكىشنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى، ئوغۇت كام بولۇپ قالسا ئوغۇت بەردۇق، يامغۇر ياغقان كۈنلىرى ئۈزۈمگە يامغۇردىن مۇداپىئەلىنىش قەغىزى ياپتۇق، ھازىر ئۈزۈمنىڭ سۈپىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى، باھاسىمۇ بارغانسېرى ئۆستى.» سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2019 ـ يىلى، ئوتكۈبىرىق كەنتىدىكى 5300 مو مۇناقى ئۈزۈمنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 1.5 توننىغا، ھەر كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى تۆت يۈەنگە يېتىپ، ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى بۇلتۇرقىدىن بىر يۈەن ئەتراپىدا ئاشقان.

يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنىڭ يېتەكلىشىدە، ئۈزۈم تىككەن بارغانسېرى كۆپ ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈزۈم سورتىنى ياخشىلاشتەك ياخشى ئايلىنىشقا قەدەم قويدى.

2017 ـ يىلى، سورت ئۇلاش ئەۋزەللىكىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئوتكۈبىرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئىمىنباي ئابلىكىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن 20 مو يېرىدىكى مۇناقى ئۈزۈمگە ساھىبجامال بارمىقى ئۈزۈمنى ئۇلىدى. بۇ يىل ئۇلانغان ئۈزۈملەر تۆكمە مېۋىلەش مەزگىلىگە كىردى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مو يەردىن چۈشكەن ھۆل ئۈزۈم ئىككى توننىغا يەتتى. «مېنىڭ ئۈزۈمۈم مۇناقى ئۈزۈمدىن 30 ـ 20 كۈن بالدۇر پىشتى، ھەر كىلوگرامىنىڭ توپ سېتىلىش باھاسى ئون يۈەن بولدى، ھەر مو يەردىن قىلغان ساپ كىرىمىم 15 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولدى» دېدى ئىمىنباي ناھايىتى مەغرۇرلانغان ھالدا.

## ■ ئۈزۈم تېخىمۇ يىراقلارغا سېتىلدى

ئەگەر مۇناقى ئۈزۈمنى ھەم كۆپ تىكىش، ھەم ياخشى ئۆستۈرۈشنى نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساس دېسەك، ئۇنداقتا، بازاردىن كەلگەن كۈچ تېخىمۇ ئاكتىپ رول ئويناپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بۇ نېمىتىنى تېخىمۇ ياخشى مەنزىلگە ئىگە قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، فۇجيەنلىك مېۋە سودىگىرى گو بېنيۈن بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن ئۈزۈملۈكلەر ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قەدىمىنى توختاتتى. بۇ ئازاق يېزىسىنىڭ بويامەت كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى ۋايىت قاسىمنىڭ ئۈزۈملۈكى ئىدى، گو بېنيۈن ئېگىشىپ تۇرۇپ، ساندۇقتىكى ئۈزۈمنىڭ سۈپىتىنى كۆرۈپ بېقىپ، رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

گەرچە تۇرپان، قومۇل، دۇنخۇاڭلاردا ئۈزۈم كۆپ چىقىدىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇناقى ئۈزۈم كەنجى پىشار ئۈزۈم بولۇش سۈپىتى بىلەن، ساپاقتا تۇرىدىغان ۋاقتى ھەتتا قىش پەسلىگىچە داۋاملىشىدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە بولغاچقا، يەنە گو بېنيۈن ۋە سىچۈەن، ئەنخۇي، بېيجىڭ، شەنشى قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن مېۋە سودىگەرلىرىگە سودا پۇرسىتىنى ھېس قىلدۇرغانىدى. بۇنىڭ ئالدىدىكى بىر ئاي ئىچىدە، گو بېنيۈننىڭ خىزمەت ئەترىتى 200 توننا مۇناقى ئۈزۈم يىغقانىدى.

مېۋە سودىگەرلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلار مال مەنبەسىنىڭ سۈپىتى ۋە سانىنى ئويلىشىپلا قالماستىن، يەنە ئامباردا ساقلاش ۋە توشۇش ھالقىلىرىدىكى تۈرلۈك چەكلىمە شارائىتلارنىمۇ ئويلىشىشى زۆرۈر. خاربىندىن كەلگەن مېۋە سودىگىرى بەي لىگو مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: گەرچە مۇناقى ئۈزۈمنىڭ داڭقى يىراقلارغا تارالغان بولسىمۇ، لېكىن سوغۇق ساقلاش، توشۇش جەريانىدا خورىشى بىرقەدەر ئېغىر بولغاچقا، تىجارەت تەننەرخىگە ئاز بولمىغان بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ.

بىراق، بۇنداق ئەھۋالدا ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ.

بويامەت كەنتىدىن تىجەن كەنتىگە بارىدىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا، نۇرغۇن سوغۇق ساقلاش ئامبىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ يېقىنقى ئىككى يىلدا بارلىققا كەلگەن مەنزىرە. تىجەن كەنتىدىكى تاشدىيار سوغۇق ساقلاش ئامبىرىنىڭ مەسئۇلى ئۆمەرجان تۇرسۇن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇ يىل مۇناقى ئۈزۈمنىڭ باھاسى ياخشى بولدى، دەپ قارىغاچقا، مەن 2000 تونندىن كۆپرەك ئۈزۈم يىغىپ، ھاۋا سوۋۇغاندا ئاندىن سېتىشنى ئويلىشىۋاتىمەن».

«مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغان جايدىن بىۋاستە ئۈزۈش، پۈتۈن مۇساپىلىك سوغۇق ساقلاش زەنجىرى بويىچە مال تارقىتىش»، بۇ، جىندۇڭ سۈپىسىدىكى شىنجاڭ خاس مەھسۇلاتلىرى سارىيىنىڭ مۇناقى ئۈزۈم سېتىشتىكى ۋەدىسى. سېتىش سودىگىرى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى شىۋ جۆەنچى ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ تور دىرېكتورى چېڭ پېڭفېي مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: 10 ـ ئايدا مۇناقى ئۈزۈم تورغا چىقىرىلغاندىن باشلاپ، شىركىتىمىز تىجەن كەنتىدىكى سوغۇق ساقلاش ئامبىرىدىن مال ئالدى، 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر ئومۇمىي ئېغىرلىقى ئۈچ توننىغا يېتىدىغان جەمئىي 1500دىن كۆپرەك زاكاز تاپشۇرۇۋالدى. بۇنىڭدىن سىرت ئون توننىغا يېقىن كۆپ مىقدارلىق سودا قىلدۇق، ھازىر داۋاملىق تېز سۈرئەتتە ئېشىۋاتىدۇ.

سوغۇق ساقلاش، سوغۇق ساقلاش زەنجىرى ترانسپورتى ۋە توردا سېتىش قاتارلىق ئۇسۇللار سېتىش سودىگەرلىرىگە تېخىمۇ چوڭ پايدا بوشلۇقى يارىتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئۈزۈم تىككەن ئائىلىلەر، بولۇپمۇ نامرات ئائىلىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى يەن ـ تېخنىكا ئېلىپ كەلگەن تېخىمۇ كۆپ پايدىدىن بەھرىلەندۈردى.

ئەلۋەتتە، ھۆل ئۈزۈمدىن باشقا، مۇناقى ئۈزۈمنى چۆرىدەپ شەكىللەنگەن پىششىقلاش كەسپىمۇ بازار قانۇنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئاستا ـ ئاستا باش كۆتۈرمەكتە.

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شىنجاڭ رۇڭيا يېزا ئىگىلىك يەن ـ تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، بويامەت كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە ئادىلە ئەلى قۇرۇق ئۈزۈملەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىلغاۋاتاتتى. «مەن ئۆيۈمگە يېقىن جايدىكى سېختا ئىشلەيمەن، ھەر ئايدا 1500 يۈەن كىرىم قىلىمەن، تىرىشىپ ئىشلىسەملا كىرىم قىلالايمەن، شۇڭا ھەر كۈنى كۈچۈم ئۇرغۇپ تۇرىدۇ» دېدى ئادىلە.

رۇڭيا شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى مەمەت زىبىبۇللانىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، شىركەتتىكى 30 نەچچە خىزمەتچى ئىچىدە يەتتە ئۇلۇشتىن كۆپرەكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىدىكىلەر ئىكەن. «بىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىمىز ئۈرۈمچى، شەندۇڭ، شاڭخەي، بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا سېتىلىدۇ، سىرتقى جايلاردىكى تېخىمۇ كۆپ ئىستېمالچى مۇناقى ئۈزۈم چىقىدىغان جايدىن كەلتۈرۈلگەن ئەسلىي تەمگە ئېغىز تېگەلەيدىغان بولدى» دېدى مەمەت.

## ■ غەيرەت بارغانسېرى تولۇپ تاشتى

ھاۋانىڭ تەدرىجىي سوۋۇشىغا ئەگىشىپ، مۇشۇ ئىككى كۈندە، ئاز بولمىغان كەنت ئاھالىسى ئۈزۈم تاللىرىنى كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئائىلىسىنىڭ ئۈچ مو يېرىگە مۇناقى ئۈزۈم تىككەن بويامەت كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە ياقۇپ ئايۇپ بارماقلىرىنى پۈكۈپ تۇرۇپ: «12 ـ ئايدىن كېلەر يىلى 3 ـ ئايغىچە، ئۈزۈمنىڭ سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئۈزۈم بارىڭىنى ئوڭشايمەن؛ 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 4 ـ ئايغىچە، ئۈزۈم تاللىرىنى ئېچىپ باراڭغا ئېلىپ باغلايمەن، ئۈزۈملۈكنى تۈزلەيمەن؛ 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تال يىلتىزىدىكى بىخلارنى، ئاساسىي غول شاختىكى ياۋا شوخلارنى ياكى ياۋا نوتىلارنى چاتايمەن...»

«تىككەن چاغدا ئىنتايىن جاپالىق ئىشلىدۇق، ھوسۇل ئالغان چاغدا ئىنتايىن بەخت ھېس قىلىمىز» دېدى ياقۇپ بىر يىللىق يەر بىلەن ھەپىلىشىش تۇرمۇشىنى قىسقىغىنا مۇشۇ ئىككى جۈملىگە يىغىنچاقلاپ.

بىۋاستە قارىغاندا، مۇناقى ئۈزۈم تىكىشتىن كەلگەن كۆپ كىرىم ئاممىنى نامراتلىق غېمىدىن قۇتۇلدۇردى. لېكىن يىلنى يىلغا ئۇلاپ ئەمگەك قىلىش جەريانىدا ھەربىر ئاممىنىڭ جىسمىدا يەنە تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئۆزگىرىشلەر بولدى.

ئوتكۈبىرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئالىمجان مەمەتجان ئائىلىسى 1995 ـ يىلدىن باشلاپ مۇناقى ئۈزۈم تىككەنىدى. مەبلەغ سېلىشنى، ئۆگىنىشنى خالىغاچقا، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۈزۈمى ھەر يىلى ھەمىشە ئەڭ بالدۇر سېتىۋېلىنىپ، ئىچكىرىدىكى شەھەرلەرگە ئاپىرىپ سېتىلىدۇ، نۇرغۇن سودىگەرلەر ھەتتا ئۈزۈم پىشماي تۇرۇپلا تېلېفون قىلىپ مال زاكاز قىلىدۇ. گەرچە تۇرمۇشى ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئالىمجان پىكىر يۈرگۈزۈشنى توختاتمىدى. ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا، ئۇ كەنتتە ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇپ، بىر تەرەپتىن كەنت ئاھالىلىرىنى قولاي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى، ئۈزۈمدىن باشقا سودىسىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە روناق تاپتى.

ئەينى چاغدا ئالىمجان ئۈزۈملۈكتە ئالدىراش ئىشلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ قوشنىسى، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە ھەزرىتئېلى تۇرسۇنجان ئانچە توغرا تاپماي: «ئۈچ ـ تۆت يىلدا ئاندىن نەتىجىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ، پۇل تاپقىلى بولۇشى ناتايىن، بۇنچە جاپا تارتىپ نېمە قىلىسىز؟» دېگەنىدى. ئەينى چاغدىكى سۆزلىرىنى ئەسلىگەندە، ھەزرىتئېلىنىڭ يۈزلىرى بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى.

بىراق، ئالىمجاننىڭ تۇرمۇشىدا كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەزرىتئېلىنىڭ ھەۋىسى كەلدى، ئىچى قىزىدى، شۇنداقلا جىددىيلەشتى، ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن يېزىغا چۈشكەن تېخنىكلارغا ئەگىشىپ ئۈزۈم تىكىش ـ يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئەستايىدىل ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگەندى، تەربىيەلەش كۇرسى، ئۆگىنىش كۇرسىنىڭ بىرىدىنمۇ قېپقالمىدى. ئۆيىدىكى «مېۋىلىك دەرەخ تىكىش ـ يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى» «شىنجاڭنىڭ خاس باغ ـ ئورمانچىلىق ئەمەلىي تېخنىكىسى» دېگەن ئىككى يېڭى كىتابنى كۆرۈۋېرىپ كونىرىتىۋەتتى، كەنتتىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرى ناتونۇش كىشىلەردىن تونۇش كىشىلەرگە ئايلاندى، ھەزرىتئېلىمۇ ئۈزۈم تىكىش ماھىرى بولۇپ قالدى.

بۈگۈنكى كۈندە، ھەزرىتئېلى ئائىلىسىدىكىلەر يەتتە مو يەرگە مۇناقى ئۈزۈم تىكتى، ئۇ ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستىنلا توكسىكلىتنى مىنىپ ئېتىزغا بېرىپ، ئۈزۈملەرنى خۇددى بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاندەك پەرۋىش قىلىدۇ. ئۈزۈم سورتىنى يېڭىلىماقچى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بۇ يىل يەردىن چىققان ھوسۇلى ئانچە كۆپ بولمىدى، كىرىمىمۇ ئاران 30 نەچچە مىڭ يۈەن ئاشتى، لېكىن ئۇ كەلگۈسىگە يەنىلا تولۇق ئۈمىد بىلەن قارايدۇ.

«شۇنچە كۆپ قوللاش ۋە ياردەم بار تۇرسا، مەن ئۈزۈم ياخشى ئىشلىمىسەم كۆپچىلىكنىڭ ياخشى كۆڭلىگە ھەققەتەن يۈز كېلەلمەيمەن.» ھەزرىتئېلى ئۈزۈملۈكنىڭ ھوسۇلى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، يەنە بىر ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش دۇكىنى ئېچىش چوتىنى سوقتى، «نېمە ئىش قىلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئەجىر قىلىشنى خالىساقلا، كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىمىز چوقۇم تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ».

# قاراقاش ناھىيەسى، ئاقتۇ ناھىيەسى كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ چىقىلغان ئىشقا ئورۇنلىشىش يولى تار بولۇش، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش تېخنىكا ماھارىتى ھەم مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەنرەك بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، قاراقاش ناھىيەسى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، قۇراشتۇرۇش قاتارلىق ئەمگەك كۈچى جۇغلاشقان كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، كورلا شەھىرى قاتارلىق كېۋەز تېرىلىدىغان جايلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، تۈرگە ئايرىپ، ۋاقىتقا قاراپ، ئادەمگە قاراپ تەربىيەلەش پىلانىنى تۈزۈپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنىڭ دەل كېلىش دەرىجىسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈپ، «بىر ئادەمنى تەربىيەلەپ، بىر ئادەمنى يۆتكەش، بىر ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. كورلىغا پاختا تەرگىلى كەلگەن قاراقاش ناھىيەسى جاھانباغ يېزىسى ئاياق ئىششىقلا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ھەببە مەتنىياز مۇنداق دېدى: «مەن ھەر كۈنى 100 كىلوگرامدىن ئارتۇق پاختا تېرەلەيمەن، بۇ قېتىم 12 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل تاپالايمەن.» 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن ناھىيە بويىچە شەھەر ـ يېزىلاردىكى 179 مىڭ 100 ئادەم قېتىم ئارتۇق ئەمگەك كۈچى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئاقتۇ ناھىيەسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ چىقىلغان يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى بولماسلىق، شىنجاڭ ئىچىدە سىرتقا چىقىرىش قىيىن بولۇش ھەم خادىملارنىڭ ئىش ئورنى مۇقىم بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولماسلىق، ئىچكىرى رايونلارغا يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش بىر قەدەر ئاستا بولۇش، نۆۋەتتە قىسمەن تەربىيەلەش ئىش تۈرى بىلەن كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجى ماس كەلمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، قاراتمىلىق ھالدا يۇقىرى نۇقتىدىن تۈرتكە بولۇش، ئادەم كۈچى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش، تېخنىكا ماھارەت تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، تەرتىپ ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىلغار تىپلارنى تاللاش ـ تىكلەش، سىياسەت مەددىتى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق «ئالتە تۈرلۈك تەدبىر»نى ئوتتۇرىغا قويدى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاقتۇ ناھىيەسى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كەسپىي تېخنىكا ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك تەربىيەلەش مەبلىغى ۋە ئەسلىھەلىرىنى بىرىكتۈرۈپ، زاپاس شەكىلدىكى تېخنىكا ماھارەت تەربىيەسى، كارخانا «زاكاز قىلىش شەكلى، ئىش ئورنىنى بېكىتىش شەكلى» بويىچە تەربىيەلەش قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ھەقسىز تەربىيەلىدى. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ نىشانلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش بويىچە تەربىيەلەش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، فۇكاڭ شەھەرلىك تېخنىك شۆيۈەننى ناھىيەگە كېلىشكە جەلپ قىلىپ 46 ئاشپەز تەربىيەلىدى، شىنجاڭ شاڭدې كەسپىي تېخنىكا ماھارەت تەربىيەلەش مەكتىپى، شىنجاڭ شىنكې كەسپىي تەربىيەلەش مەكتىپىنى ناھىيەگە كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ، 855 كىشىنى ئىگىلىك تىكلەش بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇش ئۈستىدە ئىزدەندى. لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى قۇرۇپ، تەربىيەلىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان، ئىگىلىك تىكلىگەن ئىلغار تىپلارنى، كارخانىلاردىكى مۇنەۋۋەر خىزمەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ لېكسىيە سۆزلەتكۈزدى. «ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ بېيىغان ھەم ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ۋە ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ بېيىشىغا تۈرتكە بولغان ھېكايىلىرىمىزنى ئاڭلاپ، يۇرتداشلار چوڭقۇر تەسىرلەندى، شۇنداقلا بەختلىك تۇرمۇش يارىتىش ئىشەنچى ئاشتى» دېدى ئەمگەكچىلەرنى سىرتقا چىقىرىشتىكى ئىلغار تىپ ئابدۇراخمانجان ئەمەت. نۆۋەتتە، ئاقتۇ ناھىيەسى 24 مەيدان قېتىم سەييارە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، قاتناشقان ئامما جەمئىي 12 مىڭدىن ئاشتى، ئىچكىرى رايونلارغا 296 كىشىنى تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

**(مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، شيا چېڭ، ئېختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز شى يىڭيىڭ، لىي كەيياڭ، جيا ۋېيجۈن يازغان)**